# 10694 - كاپىرلارغا قۇرئاننىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى بىرىش

## سوئال

مەن بىر قىسىم خىرىستىئانلار ۋە ئەركىن پىكىرشۇناسلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنىۋاتىمەن ھەمدە ئۇلار قۇرئاندىكى نەرسىلەرنى بىلىشكە قىزىقىدىغاندەك تۇرىدۇ . ئۇلار ئىنجىلنى ئوقۇغان ھەمدە ئۇلار ئۇنى مۇقەددەس دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ، لىكىن ئۇنىڭدا ئۆزگىرىپ زىت نەرسىلەر بار . مەن ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ئىنجىلغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭدا ئۆزگىرىپ زىت نەرسىلەرنىڭ يوقلۇقىنى، ھەمدە ئۇنىڭ ئۇلار بۇدۇنيا ۋە ئاخىرەت ھەققىدە بىلىشكە مۇھتاج بولغان بارلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتىم .ئۇلار تېخى ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى . بۇنى ئىسپاتلاش ئۇسۇلى سۈپىتىدە ، مۇھەممەت ئاساد تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان مۇقەددەس قۇرئاننىڭ نۇسخىسىنى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە سېتىۋالماقچىمەن . ئۇلار ئۇنى ئوقۇشقا ھەمدە نىمنى ئويلىغانلىقىنى ماڭا دىيىشكە ۋەدە بەردى . سىز بۇنى ياخشى پىكىر دەپ قارامسىز ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .
قۇرئان مەنىلىرىنىڭ تەرجىمىسى قۇرئان دەپ قارالمايدۇ ، ھەمدە ھەممە جەھەتتىن ئوخشاش ئورۇندا تۇرمايدۇ . بەلكى ئۇ قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى يېشىپ بىرىدىغان ۋە چۈشىنىشكە ياردەم قىلىدىغان ئەرەپچە يەشمە(تەپسىر)گە ئوخشايدۇ . بۇنىڭغا ئاساسەن ، كاپىرلارغا ئەرەپچە تېكىستى يوق قۇرئان مەنىلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى بىرىشكە بولىدۇ ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەرەپچە يەشمىسىنى تۇتۇشىغا بولىدۇ .
[ فەتىۋا دائىمىي كومىتېتى ، 4133 ]
بۇنىڭغا ئاساسەن سىز ئۇلارغا بۇ تەرجىمىنى بەرسىڭىز بولىدۇ . ئاللاھ بىزگە ، سىزگە كىشىلەرنى ئۇنىڭ يولىغا توغرا ئۇسۇلدا چاقىرىشقا ياردەم قىلسۇن . ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدنى تەرىپلىسۇن ۋە ئامان قىلسۇن .
پىشىۋا مۇھەممەت سالىھ مۇنەججىد .